## 9603 ـ نىمە ئۈچۈن ھەر كۈنى بەش ناماز ئوقۇيمىز ؟

**سۇئال**

مەن قۇرئاندا كىشىنىڭ ئۈچ قىتىم : كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ، كۈن ئولتۇرغاندىن كىيىن ۋە كۈن چۈش بولغاندا ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئوقۇدۇم . شۇڭا بىز نىمىشقا بەش قىتىم ناماز ئوقۇيمىز ؟ مەن سىلەرنىڭ50مىڭ نامازنىڭ پەرىز قىلىنغانلىقى ، ئاندىن ئۇنىڭ بەشكە قىسقارتىلغانلىقى ھىكايىسىنى بەرنەسلىكىڭلارنى ئۈمۈد قىلىمەن . مەن بىر قايىل قىلارلىق جاۋاپقا مۇھتاج .

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

1ـ سۇئالدا كەلگەن نامازنىڭ سانى بولسا خاتا ، چۈنكى ناماز ئەسلىدە 50 ئىدى ، ئاندىن دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارى مۇسۇلمانلارغا يەڭگىللىتىپ 5 نامازغا قالدۇرۇلغان .

2ـ شەرىئەت ئەھكاملىرى ئىككىگە بۆلىنىدۇ : بەزىلىرى بولسا مەنىسى ئەقىل بىلەن چۈشەنگىلى بولىدۇ ، بەزىلىرى بولسا نوقۇل ئىبادەت بولۇپ ، ئۇنىڭ ھىكمىتى بىزگە يۇشۇرۇن ، كىتاب نە سۈننەتتە تىلغا ئىلىنمايدۇ .

بىرىنچى مىسال :

ھاراق بىلەن قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشى ، ئۇلۇغ ئاللاھ بىزگە ئۇنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى ھىكمىتىنى تىلغا ئالغان : شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟ [ مائىدە( داستىخان): 91 ] بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار نۇرغۇن .

ئىككىنچى مىسال :

پىشىنىنىڭ كۈن زاۋالدىن ئۆتكەندە بولۇشى ، مۇسۇلماننىڭ كەبىنى سولدىن ئايلىنىشى ، ئالتۇننىڭ نىسابىنىڭ قىرقتىن بىر بولۇشى ،شام نامىزىنىڭ ئۈچ رەكەت بولۇشى . ئۇنىڭ مىساللىرى نۇرغۇن .

سۇئالدا كەلگىنى بولسا ئىككىنچى تۈرگە ياتىدۇ ، يەنى ئۇنىڭ ھىكمىتىنى كىتاپ ياكى سۈننەتتىن بىلەلمەيدىغانلىرىمىز بولۇپ ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىشىمىز لازىم . ھەممە بۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەممە ئەھكاملارغا ئورتاق .

مۇسۇلمان ئاللاھ ئۇنىڭغا ھىكمىتىنى بايان قىلمىغان نىملەردە ئۆزىنى توختىتىشى ۋە مۇئمىنلەرگە ئوخشاش : ئاڭلايمىز ۋە ئىتائەت قىلىمىز دىيىشى ، ئاڭلايمىز ، لىكىن بويسۇنمايمىز . دەيدىغان بەنىي ئىسرائىلغا ئوخشاش بولماسلىقى كىرەك . ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى : ئۇ قىلغانلىرىدىن سۇئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ ، ھالبۇكى ئۇلار سۇئال ـ سوراق قىلىنىدۇ . قوبۇل قىلىش مۇئمىنگە نىسبەتەن ئۇنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ياخشى ، چۈنكى ئۇ بىر پەرۋەردىگارى بار قۇل ، ھەمدە قۇلنىڭ پەرۋەردىگارىدىن بىر نەرسىنى نىمىشقا بۇيرىغانلىقىنى سوراشقا ھوقۇقى يوق . بەلكى ئۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشى

لازىم . ئەگەر ئۇ بىزگە نىمەئۈچۈنلىكىنى ئىپىتسا ، ئۇنى قىلىشىمىز كىرەك ، ھەمدە ئەگەر ئۇ بىزگە نىمە ئۈچۈنلىكىنى ئىپىتمىسا ، بىز يەنىلا ئۇنى قىلىشىمىز كىرەك .

3- كۇۋەيت فىقھىي ئىنسىكلوپىدىيە(149–51) سىدە بۇ يەردە تىلغا ئىلىشقا تىگىشلىك بىر ئىسىل سۆز بار :

بىز فىقھىي مەسىلىلەرنى ئۇنىڭ بەلگىلىنىشىدىكى ھىكمەتنى بىلىش ياكى بىلمەسلىك جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلىمىز :

1– مەنىسى ئەقىلگە چۈشىنىشلىك بولغان ئەھكاملار ، ئۇ يەنە سەۋەبى ئىنىق ئەھكاملار دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، يەنى ئۇنىڭ بەلگىلىنىش ھىكمىتىنى يا بۇ ھىكمەت تېكىستلەردە بايان قىلىنغانلىقتىن ، ياكى ئۇنى چۈشىنىپ يىتىش ئوڭاي بولغانلىقتىن بىلگىلى بولىدىغان ئەھكاملار .

ھەمدە بۇ مەسىلىلەر ئاللاھ بەلگىلىگەن نىمىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ ، مەسىلەن ، ناماز ، زاكات ، روزا ۋە ھەجنىڭ ئومۇمى مەنىدە بەلگىلىنىشى ، ھەمدە تويلۇق ، ئاجرىشىش ياكى تۇل قىلىشتىن كىيىنكى ئىددەت ، ئايالى ، باللىرى ۋە ئۇرۇق–تۇغقانلىرىغا خىراجەت قىلىش ، نىكاھ تۇرمۇشى چىدىغۇسىز ھالەتتە بولۇپ قالغاندا ئاجرىشىش ، ۋە باشقا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش فىقھىي مەسىلىلەر .

2– نوقۇل ئىبادەت سۈپىتىدە بەلگىلەنگەن ئەھكاملار ، يەنى شۇ ئىش–ھەركەت بىلەن ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرسىدىكى باغلىنىش ئىنىق بولمىغان ئەھكاملار ، مەسىلەن ، نامازنىڭ سانى ، رەكەت سانى ، ھەج ئىش–ھەركەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى . ئاللاھنىڭ رەھىم–شەپقىتى بىلەن ، ئۇنداق ئەھكاملار ھىكمىتى ئەقلى جەھەتتىن چۈشىنىشلىك ئەھكاملارغا سىلىشتۇرغاندا ئاز . بۇ ئەھكاملار كىشىنىڭ راست مۆئمىن ياكى ئەمەسلىكىنى سىناش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن . يەنە شۇنىڭدا دىققەت قىلىش كىرەككى ، شەرىئەت ئومۇمى پىرىنسىپلىرى ۋە تارماقلىرى جەھەتتە ئەقىلگە زىت كەلمىدىغان بىر نەرسىنى بىكىتمىدى ، لىكىن ئۇ ئەقىل سەۋەبىنى چۈشىنەلمەيدىغان نەرسىلەرنى بەلگىلەيدۇ . ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرسىدا چوڭ پەرق بار . ئەگەر كىشى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئۇنىڭ دانالىقى ، ھەمدە ئۇنىڭ بىردىنبىر پەرۋەردىگار دەپ ئىتراپ قىلىنىشقا لايىق ئىكەنلىكىگە ئەقلىي جەھەتتىن قايىل بولغان بولسا ، ھەمدە ئۇ پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) بىر راست پەيغەمبەرلىكىگە ئەقلىي جەھەتتىن قايىل بولغان بولسا ئۇنداقتا ئۇ ئاللاھنىڭ پادىشاھ ۋە پەرۋەردىگارلىقىنى ،ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى ئىتراپ قىلىدۇ . ئاندىن ئۇ مەلۇم ئىشقا بۇيرۇلسا ياكى مەلۇم ئىشنى قىلىشتىن چەكلەنسە ،ھەمدە ئۇ ئاندىن : " مەن تاكى بۇ بۇيرۇق ياكى چەكلىمىنىڭ ھىكمىتىنى بىلمىگۈچە بۇ ھۆكۈمگە ئەگەشمەيمەن " دىسە ، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىشەنگۈچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت دەۋاسىدا يالغانچىلىقىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ . ئادەم ئەقلىنىڭ ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان چېكى بار .

ئاللاھنىڭ نوقۇل ئىبادەت جەھەتتىكى ئەھكاملىرىغا قارشى چىققۇچى بىر كىسەلگە ئوخشايدۇكى ، ئۇ بىر ئىشەنچىلىك دوختۇرنىڭ قىشىغا بارىدۇ ، ئۇ ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك دورىلارنى يىزىپ بىرىدۇ ، بەزىلىرى تاماقتىن بۇرۇن يىيىلىدۇ ، بەزىلىرى تاماق جەريانىدا يىيىلىدۇ ۋە بەزىلىرى تاماقتىن كىيىن يىيىلىدۇ ، ھەر خىل مىقداردا ، ئاندىن ئۇ دوختۇرغا : " مەن دورىڭىزنى تاكى سىز ماڭا نىمە ئۈچۈن بۇنىڭ تاماقتىن بۇرۇن يىيىلىدىغانلىقى ، بۇنىڭ تاماقتىن كىيىن يىيىلىدىغانلىقى ، ۋە بۇنىڭ تاماق جەريانىدا يىيىلىدىغانلىقى سەۋەبىنى چۈشەندۈرمىگىچە ، ھەمدە نىمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەر خىل مىقداردا ئىچىلىدىغانلىقىنى ،

بەزىلىرىنىڭ كىچىك ، بەزىلىرىنىڭ چوڭلۇقىنى چۈشەندۈرمىگىچە يىمەيمەن " دەيدۇ . بۇ بىمار دوختۇرغا راستىنلا ئىشىنەمدۇ ؟ ئوخشاشلا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان ، ئاندىن ھىكمىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئەھكاملارغا قارشى چىقىدىغان كىشىچۇ ؟ ھەقىقى مۇئمىن ئەگەر مەلۇم نەرسىگە بۇيرۇلسا ياكى مەلۇم نەرسىدىن توسۇلسا ، ئۇ : " مەن ئاڭلايمەن ، مەن بويسۇنىمەن ." دەيدۇ ، بولۇپمۇ ئەقىلگە قارشى ئەھكاملارنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرگىنىمىزدە . مەلۇم نەرسىنى بىلمەسلىك ئۇنىڭ راست ئەمەسلىكىدىن دىرەك بەرمەيدۇ . قانچىلىغان ئەھكاملار ، ئۇلاردىكى ھىكمەت ئىلگىرى بىزگە يۇشۇرۇن ئىدى ، ئاندىن بىز ئۇلاردا چوڭ ھىكمەت بارلىقىنى بايقىمىدۇقمۇ ؟ چوشقا گۆشىنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى ھىكمەت نۇرغۇن كىشىلەرگە نامەلۇم ئىدى ، ئاندىن بىز ئۇنىڭدا باكتېرىيە ، كىسەللىك ۋە باشقا زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق ، ھەمدە ئاللاھ مۇسۇلمانلار جەمئىيتىنى ئۇلاردىن ساقلىماشنى ئىرادە قىلدى . ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىت يالىغان قاچىلارنى يەتتە قىتىم يۇيۇشقا ، ئۇنىڭ بىرىنىڭ توپا بىلەن بولۇشقا بۇيرۇلىشىمۇ ھەم .. . ھەمدە باشقا ئەھكاملارنىڭ ھىكمىتى گەرچە ھازىر بىزدىن يۇشۇرۇن بولسىمۇ ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بايقىلىدۇ . ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .